# پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنىڭ سادىق ۋارىسلىرىدىن بولۇشقا ئىرادە تىكلەيلى

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئاچقۇچ پارتىيەدە، ئاچقۇچ ئادەمدە، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىشەنچلىك ئىزباسارلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشتە. مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى (دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ 2021 - يىللىق ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇملۇق ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ: «پارتىيە خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، جەزمەن پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ئۇزاققىچە ئەۋج ئالدۇرۇشى كېرەك» دەپ چوڭقۇر كۆرسەتتى ۋە «ياش كادىرلار پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرى، جەزمەن پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنىڭ سادىق ۋارىسلىرىدىن بولۇشقا ئىرادە تىكلىشى كېرەك» دەپ ئالاھىدە تەكىتلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تەرەققىي قىلىپ 100 يىللىق شانلىق تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن، ئەڭ چوڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتتە 70 نەچچە يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، 91 مىليوندىن كۆپرەك پارتىيە ئەزاسى بار دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ماركسىزملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيەگە ئايلىنىپ، 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ كەڭ قوللىشى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى. پارتىيەمىز خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتتا ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىم بولغىنى شۇكى، پارتىيەمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت داۋامىدا بىريۈرۈش شەرەپلىك ئەنئەنە ۋە ئېسىل ئىستىلنى يېتىلدۈردى ھەم ئۇنىڭدا چىڭ تۇردى. باشتىن - ئاخىر پارتىيەگە سادىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتا چىڭ تۇرۇش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاشتا چىڭ تۇرۇش، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت بۇ قورالنى ياخشى ئىشلىتىش، كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، كۆرەش قىلىشقا ماھىر بولۇش، مەڭگۈ جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش، بۇ شەرەپلىك ئەنئەنە ۋە ئېسىل ئىستىل پارتىيەمىزنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي مەقسىتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، پارتىيەمىزنىڭ باشقا سىياسىي پارتىيەلەردىن پەرقلىنىدىغان روشەن بەلگىسى. بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، لېكىن پۇرسەت ۋە ۋەزىيەت بىز تەرەپتە، بۇ بىزنىڭ ئىرادە ۋە جاسارىتىمىزنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا غەيرەت ۋە ئىشەنچىمىزنىڭ ئاساسى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەزمەن شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، گەرچە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرسىمۇ، لېكىن پۇرسەت ۋە خىرىسنىڭ ھەممىسىدە يېڭى تەرەققىيات ئۆزگىرىشى بار، پۇرسەت ۋە خىرىسنىڭ زورلۇقى ئوخشاشلا مىسلىسىز، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا پۇرسەت خىرىستىن چوڭ. يەنە نۇرغۇن قىيىن ئۆتكەل ۋە خىرىسقا دۇچ كەلگەن ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدا، پەقەت پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ئۇزاققىچە ئەۋج ئالدۇرۇپ قىيىنچىلىقتىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىگەندىلا، بىز ئاندىن بارلىق خەۋپ - خەتەر، خىرىسلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە قاراپ يۈرۈش قىلالايمىز.

مەنىۋى بايلىق زامان ۋە ماكاندىن ھالقىيدۇ، ئۇلۇغ ئىش ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىدۇ. پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ياش كادىرلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ ئىختىساسلىقلارغا ئايلىنىشىدا ئىنتايىن مۇھىم. پارتىيەگە سادىق بولۇش كوممۇنىستلارنىڭ ئەڭ مۇھىم سىياسىي پەزىلىتى، خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ تەكىتلىگەندەك: «پارتىيەمىز ھازىرغىچە سانسىزلىغان خەۋپ - خەتەر ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈردى، لېكىن ھەرقانداق قىيىنچىلىق بىزنى باش ئەگدۈرەلمىدى، ھەرقانداق دۈشمەن بىزنى يىقىتالمىدى، بۇنىڭدا مىليونلىغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سادىقلىقىغا تايانىدۇق»؛ نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە باغلاش ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى، «پارتىيەمىزنىڭ تارىخى شۇنى قايتا - قايتا ئىسپاتلىدىكى، قاچانكى نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە ياخشى چىڭ تۇرغاندا، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىدا ئۈزلۈكسىز غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؛ ئەكسىچە بولغاندا، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى زىيانغا ئۇچرايدۇ، ھەتتا ئېغىر ئەگرى - توقايلىق كۆرۈلىدۇ»؛ خەلق پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئەڭ چوڭقۇر ئاساسى ۋە ئەڭ چوڭ ئىشەنچى، «پارتىيەمىزنىڭ يىلتىزى خەلقتە، قان تومۇرى خەلقتە، جەزمەن خەلقنى قەلبىمىزدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، باشتىن - ئاخىر پۇقرالار ئويلىغاننى ئويلىشىمىز كېرەك»؛ تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش پارتىيەمىزنىڭ ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ، كېسەلنى داۋالاش، ئورگانىزمنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاشتىكى ئۆتكۈر قورالى، «بىز كوممۇنىستلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇشتىكى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىمىز پارتىيەۋىلىكتىن كەلگەن، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھىدىن كەلگەن»؛ كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش پارتىيەمىزنىڭ روشەن پەزىلىتى، «پارتىيەمىز كۆرەش قىلىشقا تايىنىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەن، شۇنداقلا مۇقەررەر ھالدا كۆرەش قىلىشقا تايىنىپ كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرىدۇ»؛ جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش پارتىيەمىزنىڭ سىياسىي خىسلىتى، بىزنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىمىزنىڭ، تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىمىزنىڭ مۇھىم كاپالىتى، شۇنداقلا بىزنىڭ ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، يەنە شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىشىمىزنىڭ مۇھىم كاپالىتى، «ياش كادىرلار جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىدىغان كۈچ ئۆلاش تايىقىنى قولغا ئېلىپ، توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان كۆرەش قىلىش ھالىتى ۋە مەڭگۈ بوشاڭلىق قىلمايدىغان روھىي ھالەت بىلەن، ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە پارتىيەگە ئۆزىنى بېغىشلاپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرىدىغان كۆرەش قىلىش ئىزىنى قالدۇرۇشى كېرەك».

بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ بىر دەۋر كىشىلىرىگە خاس بۇرچى بار، بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ بىر دەۋر كىشىلىرىگە خاس مەسئۇلىيىتى بار. پارتىيەمىزنىڭ 100 يىللىق مۇساپىسىنى ئەسلەيدىغان بولساق، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلالايدىغان - قىلالمايدىغانلىقىنى يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ئاللىقاچان چۈشەندۈرۈپ بەردى؛ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ قۇرۇلۇش قىلالايدىغان - قىلالمايدىغانلىقىنى، تەرەققىي قىلالايدىغان - قىلالمايدىغانلىقىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشى ئاللىقاچان چۈشەندۈرۈپ بەردى؛ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ كۈنسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى مۇھىتىدا پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرالايدىغان - تۇرالمايدىغانلىقىغا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرالايدىغان - تۇرالمايدىغانلىقىغا ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرالايدىغان - راۋاجلاندۇرالمايدىغانلىقىغا يەنە ئەۋلادمۇئەۋلاد كوممۇنىستلارنىڭ داۋاملىق جاۋاب بېرىشىگە توغرا كېلىدۇ. پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنىڭ سادىق ۋارىسلىرىدىن بولۇشقا ئىرادە تىكلەپ، ياخشى ئەنئەنىنى يېڭى مۇساپىگە باشلاپ كىرىپ، ياخشى ئىستىلنى يېڭى دەۋردە ئەۋج ئالدۇرغاندىلا، ياش كادىرلار تارىخنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويمايدۇ، دەۋرنىڭ چاقىرىقىنى يەردە قويمايدۇ، باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتالايدۇ، پارتىيەگە يۈز كېلەلەيدىغان، خەلققە يۈز كېلەلەيدىغان، دەۋرگە يۈز كېلەلەيدىغان نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «پۈتۈن ئارمىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «پۈتۈن ئارمىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» بېسىپ تارقىتىپ، پۈتۈن ئارمىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى چۆرىدەپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە ئارمىيەمىزنىڭ تارىخىنى تۇتاشتۇرۇپ ئۆگىنىپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلنى بىلىپ، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاپ، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەربىي كومىتېت رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، بارلىق ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ۋە رەئىس شى جىنپىڭنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەكىتلەندى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۆۋەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بارلىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە يۈزلىنىپ قانات يايدۇرۇپ، 2021 - يىلى پۈتۈن بىر يىلغا سىڭدۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىكلەر نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش، دەرسنى سىڭدۈرۈپ ياخشى ئۆتۈش، مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلەشكە تەشكىللەش، ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، مەخسۇس تېمىدا تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنى ئېچىش ئارقىلىق، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق كۆرەش قىلىش شانلىق مۇساپىسىنى ئۆگىنىشكە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىنى ئۆگىنىشكە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باشتىن - ئاخىر ئېغىشماي خەلقنى كۆزلەشتەك ئەسلىي مەقسىتى، ئاساسىي مەقسىتىنى ئۆگىنىشكە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتا شەكىللەندۈرگەن مۇھىم، زور نەزەرىيە نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىشكە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرەش قىلىش جەريانىدا تاۋلىغان ئۇلۇغ روھىنى ئۆگىنىشكە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالغا سىلجىتىشتىكى قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە، پارتىيەنىڭ خەلق ئارمىيەسىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە نامايان قىلىنغان ئۇلۇغ كۈچىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، پۈتۈن ئارمىيەدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىكلەر پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي ئۆتكەللىنى، يېتەكچىلىك ئۆتكەللىنى ياخشى ئىگىلەپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قويۇق كەيپىيات يارىتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، يىللىق چوڭ تۈر ۋەزىپىسى، باش تېما تەربىيەسى قاتارلىقلار بىلەن ياخشى بىرلەشتۈرۈپ يۇغۇرۇپ، تەربىيە مەزمۇنى، ۋاقتى ۋە تەشكىللەش شەكلىنى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۈچلۈك تەشكىلىي رەھبەرلىك ئارقىلىق ئۆگىنىش تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار لاچىن بايەكەنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەقىقىي تۈردە ئۈلگىنىڭ كۈچىنى داۋاملاشتۇرۇپ كۆرەش قىلىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيەگە سادىق بولۇشتەك سىياسىي پەزىلىتىدىن ئۆگىنىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىسى ۋە سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشتەك ئۆزىنى بېغىشلاش روھىدىن ئۆگىنىپ، ئىش ئورنىنى بازا قىلىپ ساقلاپ، خىزمەتنى كەسىپ قىلىپ ئىشلەپ، ئۆزىنى بېغىشلاشنى مەجبۇرىيەت دەپ بىلىپ، ئېغىر يۈكنى بىلىپ تۇرۇپ زىممىگە ئېلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىرادىدىن قايتماي ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۆرەش قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ خەلققە رىشتە باغلاپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتەك خەلقچىل ھېسسىياتىدىن ئۆگىنىپ، ئاساسىي مەقسەت ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، ئاممىۋى لۇشيەننى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسىنى قەلبىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ئامما ئويلىغاننى ئويلاپ، ئامما ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئاممىنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، ئىتتىپاقلىقنى قوغداشتەك نەمۇنىلىك پەزىلىتىدىن ئۆگىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش ۋە تەشۋىقات - تەربىيەنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يىلتىز تارتقۇزۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. ئۇنىڭ ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇشتەك ئالىيجاناب گۈزەل ئەخلاقىدىن ئۆگىنىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى چوڭقۇر ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئۈلگىنىڭ كۈچىنى يەتكۈزىدىغان، نەمۇنىچى روھنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدىغان، جەمئىيەت ئاكتىپ كۈچىنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان قويۇق كەيپىيات يارىتىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىرادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەشكە يېتەكلەش كېرەك.

«لايىھە»دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەن تۇتاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى تىرىشىپ ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۆرەش قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك.

«لايىھە»دە مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق كۆرەش قىلىش شانلىق مۇساپىسىنى ئەستە چىڭ ساقلاش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىنى چوڭقۇر تونۇش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باشتىن - ئاخىر ئېغىشماي خەلقنى كۆزلەشتەك ئەسلىي مەقسىتى، ئاساسىي مەقسىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتا شەكىللەندۈرگەن مۇھىم، زور نەزەرىيە نەتىجىلىرىنى سىستېمىلىق ئىگىلەش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇزاق مۇددەت كۆرەش قىلىش جەريانىدا تاۋلىغان ئۇلۇغ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالغا سىلجىتىشتىكى قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك.

«لايىھە»دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرىغا يۈزلىنىپ، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ئۆگىنىش تەربىيەسى ئەمەلىيىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. مەخسۇس تېمىدا ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇش، سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، مەخسۇس تېمىدا تەربىيەلەشنى تەشكىللەش، «مەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» تېمىسىدىكى ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنى ئېچىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئۆگىنىش تەربىيەسىدە پۇختا، ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇيغۇر مىللىتىدىن 22، قازاق مىللىتىدىن 5، خۇيزۇ مىللىتى، قىرغىز مىللىتى، موڭغۇل مىللىتى، تاجىك مىللىتى، شىبە مىللىتى، ئۆزبېك مىللىتى، رۇس مىللىتى، تاتار مىللىتىنىڭ ھەرقايسىسىدىن بىردىن ۋەكىل بار؛ پارتىيە ئەزاسى 45؛ ئايال ۋەكىل 13.

بېيجىڭغا مېڭىشتىن ئىلگىرى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۈرۈمچى شەھىرى، قومۇل شەھىرى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، مەركەزلىك كۆزدىن كەچۈرۈش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش، «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرى قاتارلىقلارنى ئىگىلەپ، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىغا قاتنىشىش، تۈرلۈك تەكلىپ ۋە دوكلاتلارنى قاراپ چىقىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەكلىپ ۋە تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ياخشى ئاساس سالدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ھۆرنىسا قادىر يولغا چىقىشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى يەنىلا ئېتىز - ئېرىق باشلىرىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، زىيارەت قىلدى. بۇ قېتىم ئۇ تۇرپان شەھىرىدە مەملىكەت خاراكتېرلىك قۇرۇق مېۋە - چېۋە ئەشيا ئوبوروت مەركىزى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئېلىپ كەلدى.

«تۇرپاندا تاشيول، تۆمۈريول، ئاۋىياتسىيە قاتارلىق قاتناش تورىنىڭ بارغانسېرى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، بۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش رولى بارغانسېرى كۆرۈنەرلىك بولدى، مەملىكەت خاراكتېرلىك قۇرۇق مېۋە - چېۋە ئەشيا ئوبوروت مەركىزى قۇرۇش ئارقىلىق، تۇرپان باغ - ئورمانچىلىقىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى ئۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى جاڭ شىن مۇنداق تەكلىپ بەردى: شەرقىي جۇڭغاردىن دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي قىسمىغىچە بولغان ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش تورىنى پىلانلاپ قۇرۇشنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە بازىسلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەۋزەل بايلىقنى ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەك.

ۋەكىللەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، شۇنداقلا «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان باشلانغان يىل، دۆلىتىمىز ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىدۇ، بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى ياخشى ئېچىشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتچانلىق روھى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، ياخشى ئىستىل بىلەن ۋەكىللىك مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويمايمىز.